# 48998 ـ ناماز ئوقۇشتىن توسۇلغان ۋاقىتلار

## سوئال

بىر كۈن جەريانىدا ناماز ئوقۇشتىن توسۇلغان ۋاقىتلار قايسى ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، توسۇلغان ۋاقىت ئۈچ ، كىڭەيتىپ ئېيتقاندا بەش . ئۇلار :

تاڭ ئاتقاندىن كۈن چىققۇچە .

كۈن چىققاندىن باشلاپ ، ئۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگىچە ، ھەمدە بۇ ۋاقىت 12 مىنۇت دەپ پەرەز قىلىنىدۇ ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن 15 مىنۇت قىلىنىدۇ .

چۈشتە كۈن تىكلىشىپ ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن ئۆتككىچە .

ئەسىر نامىزىدىن كۈن ئولتۇرغۇچە .

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندىن باشلاپ ، ئۇ تولۇق ئولتۇرۇپ بولغۇچە .

بۇ ۋاقىتلار قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، تۆۋەندىكىچە بولىدۇ :

تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ ، كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگىچە .

كۈن چۈشتە تىكلەشكەندىن باشلاپ ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكىچە .

ئەسىر نامىزىدىن كۈن تولۇق ئولتۇرغىچە .

تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ دىگىنىمىز ، يەنى بامداتنىڭ ئەزىنىدىن كىيىن بامداتنىڭ سۈننىتىدىن باشقا نەپلە نامازنى مەنئىي قىلىش بولۇپ ، بۇ ھەنبەلىيلەرنىڭ قارىشى .

شافىئىيلەر بولسا چەكلەش بامدات نامىزىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئەزان بىلەن ئىقامەتنىڭ ئارىسىدا نەپلە ناماز ئوقۇش چەكلەنمەيدۇ ، ھەمدە چەكلەش بامداتنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كىيىنلىسىگە قارىتىلغان .

ھەمدە بۇ بولسا بەكرەك توغرا قاراش ، بىراق كىشى تاڭ ئاتقاندىن كىيىن بامداتنىڭ ئىككى رەكئىتىدىن باشقا نەپلە ناماز ئوقۇماسلىقى كىرەك .چۈنكى پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن .) تاڭ ئاتقاندىن كىيىن پەقەت يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى .

[ الشرح الممتع للشيخ ابن عثيمين رحمه الله 4/160] كە قاراڭ .

يۇقۇردا دىيىلگەننىڭ دەلىلى بولسا : بۇخاري( 547) ، مۇسلىم(1367) نەقىل قىلدىكى ، ئىبنۇ ئەبباس مۇنداق دىگەن : " بەزى

ئىشەنچىلىك كىشىلەر مىنىڭ قېشىمدا گۇۋاھلىق بەردىكى ، مىنىڭ قارشىمدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچىلىكى بولسا ئۇمەر ئىدى ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن .) بامداتتىن كىيىن كۈن چىققۇچە ، ئەسىردىن كىيىن كۈن ئولتۇرغۇچە ناماز ئوقۇشتىن چەكلىدى . "

بۇخارىي( 548) ، مۇسلىم ( 1371) نەقىل قىلدىكى ، ئىبنۇ ئۇمەر مۇنداق دىگەن : " ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن .) مۇنداق دىگەن : قۇياشنىڭ ئۈستۈنكى قېشى كۆرۈنگەندە ، ئۇ تاكى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگىچە ناماز ئوقۇشنى كەينىگە سۈرۈڭلار . ھەمدە قۇياشنىڭ ئاستىنقى قېشى يوقالغاندا ، ئۇ تاكى تولۇق ئولتۇرغىچە ناماز ئوقۇشنى كەينىگە سۈرۈڭلار .

بۇخارىي( 551) نەقىل قىلدىكى ، ئەبۇ سەئىيىد خۇدرىي مۇنداق دىگەن : " مەن ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن .)مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : بامداتتىن كىيىن كۈن تولۇق كۆتۈرۈلگىچە ناماز يوق ، ھەمدە ئەسىردىن كىيىن كۈن ئولتۇرغۇچە ناماز يوق .

مۇسلىم ( 1373) نەقىل قىلدىكى ، ئۇقبە بىن ئامىر جۇھەنىي مۇنداق دىگەن : " ئۈچ ۋاقىت بار ، ئاللاھ ئەلچىسى( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن .) بىزنى ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇش ۋە مېيىتلىرىمىزنى دەپنە قىلىشتىن توسۇغان : قۇياش ئىنىق كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپ ، تاكى ئۇ تولۇق كۆتۈرلۈپ بولغىچە ، چۈشتە قۇياش تىكلىشىپ ، ئاسماننىڭ يۇقۇرى نۇقتىسىدىن ئۆتكىچە ، قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلاپ ، تاكى ئۇ تولۇق ئولتۇرۇپ بولغىچە ."

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .